شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 12 - ئاي
5
شەنبە
维吾尔文 12 月5日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W
新疆日报网：www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25266 - سان بۈگۈن 4 بەت

فرانسىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى دېستاننىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ ماكرونغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى فرانسىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى دېستاننىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«شى جىنپىڭنىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 27 - قېتىملىق رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزى»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى «شى جىنپىڭنىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 27 - قېتىملىق رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزى»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ پۈتۈن ئارمىيە ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يىغىنى ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۈيۈڭ، لى شۈەنلياڭ) پۈتۈن ئارمىيە ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يىغىنى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بارلىق يىغىن ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئارمىيە ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، كۆپچىلىككە سەممىي سالام يوللىدى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەردە، شى جىنپىڭ جىڭشى مېھمانسارىيىغا كېلىپ، قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە بارلىق يىغىن ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلدى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

بۇ قېتىمقى پۈتۈن ئارمىيە ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يىغىنىدا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭنىڭ خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا پۈتۈن ئارمىيە ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلدى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا ھاسىلىي سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 20%كە ئۆستۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا ھاسىلىي سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 2015 - يىلدىكى 12%تىن ئۆسۈپ 20%كە يەتكەن، مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا تورىدا سۇ ئېقىپ ئىسراپ بولۇپ كېتىش نىسبىتى 2018 - يىلدىكى 11.5%تىن تۆۋەنلەپ 2020 - يىلى 10% ئىچىگە چۈشۈپ، 2020 - يىللىق نىشان ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

شىنجاڭ قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، سۇ بايلىقى نىسبەتەن قىس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەۋقەنى شەھەرلەرنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكىگە قويۇپ، سۇ تېجەش تىپىدىكى «كارخانا، ئورۇن، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىگە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، ئاممىنىڭ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە قاتنىشىش ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى؛ سۇ بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى چۆرىدەپ، شەھەر - بازارلاردىكى تۇرمۇش يۇندى سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىنكى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 23 ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ تۈرى مەبلەغ مەدىتىگە ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ماينىگۈل**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل شىنجاڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرگە مالىيە مەبلىغىدىن 10 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى 23 تۈرنى قوللىغان.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ 23 تۈر سامساق ئاچچىق ماددىسىدىن سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان ياسالما دورا ئىشلەپچىقىرىش، سانائەت ئالاقە تورى بىخەتەرلىك ھالىتىنى ھېس قىلىش سۇپىسى قاتارلىق 12 نۇقتىلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر تۈرى؛ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سۈپەت كونترول قىلىشنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق بەش ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياساش، ئەمەلىي قوللىنىش ئۈلگە تۈرى؛ باشاق، شادىنى ئاپتوماتىك تەڭ يىغىدىغان قوناق يىغىش ماشىنىسى، شەھەر رېلىسلىق قاتنىشىدا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قۇرغاق ھاۋانى بىۋاسىتە پارلاندۇرۇپ سوۋۇتۇش ماشىنا گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئالتە تۇنجى يۈرۈشنىڭ تۇنجى تۈركۈم تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پەن - تېخنىكا سۈپىتى باشقارمىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 105 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 105 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە «تىيانشان مۇكاپاتى» بېرىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار ئىشلار ھەم ھۆكۈمەتنىڭ «ئۆلكە ھالقىپ ھەممىنى بېجىرىش»كە مۇلازىمەت قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

扫码下载
石榴云
客户端
天山网 www.ts.cn | 石榴云 | 新疆日报
新疆报业传媒集团

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»ىغا نەزەر

خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى تېخىمۇ ئاشتى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەندىلا، قاراقاش ناھىيەسى قاراساي بازىرى باغچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى توختىمەمەت غوجابدۇللا ئۆزىنىڭ تاللا بازىرىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «مەن ئىككى دۇكان ئاچتىم، يىللىق كىرىمىم 50 - 60 مىڭ يۈەن، يەنە 30دىن ئارتۇق قوي باقتىم، يېڭى ئۆي سېلىۋالدىم، ئاپتوموبىل سېتىۋالدىم، تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك ئۆتىۋاتىدۇ.» توختىمەمەتنىڭ خۇشال چىرايىدىن بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان رازىمەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

خەلق رايى ئەڭ چوڭ سىياسىي. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى مەۋقە ۋە مەقسەت قىلىپ، مالىيە خامچوتىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى گەۋدىلەندۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى تېخىمۇ ئاشتى، تۇرمۇش سۈپىتى بارغانسېرى ئۆستى.

مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشى ئاساسىنى پۇختىلىدى

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسپلەر باغچىسىدىكى بىر ئېلېكترون زاپچاسلىرى زاۋۇتىدا، مەردانجان ئوبۇلقاسىم ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىۋاتاتتى. قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ باشقا ئۈچ خىزمەتچىنى يېتەكلەپ، ئاساسلىقى شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاسراشقا مەسئۇل ئىدى. «ھازىر ئايلىق كىرىمىم 4000 يۈەندىن ئاشىدۇ، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى مەردانجان.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملار قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكىچە؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشتىن ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمچانلىقىنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى.

2017 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىرىك پىلانى بويىچە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، كۇچا شەھىرى ئۇچا بازىرى ئۇچا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى شوخلىنى ئايرىپ قاچىلىماقتا. بۇ يىل بۇ كەنت ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇردى. ☐ نىياز راخمان فوتوسى

بىرلا ئىشىكتىن كىرىش   ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش

قارامايىنىڭ سودا ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى خەلققە قولايلىق ياراتتى، خەلققە پايدا يەتكۈزدى

5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى گوۋۇيۈەننىڭ 7 - قېتىملىق چوڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈشىدە بايقالغان تىپىك تەجرىبە، ئۇسۇللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەقدىرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «قاراماي شەھىرى سودا ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلققە قولايلىق بولۇش، خەلققە پايدىلىق بولۇش، كۆپەيتكىلى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ»، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بىردىنبىر تىزىملىككە كىرگەن شەھەر بولۇپ قالدى.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، قاراماي شەھىرى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پۇرسەت بىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتا يارىتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ قولايلاشقان مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى مۇلازىمەتنى يۇغۇرۇش بىلەن «ئۇچۇرنى كۆپرەك يوللاپ، ئاممىنى ئاز قاترىتىش» خىزمەت تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سودا ئىشلىرىنى تىزىملاش ئىسلاھاتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە «خەلققە قولايلىق بولۇش، خەلققە پايدىلىق بولۇش، كۆپەيتكىلى بولۇش»تىن ئىبارەت خىزمەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

نۆۋەتتە، قاراماي شەھىرى مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى، «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش»، مەبلەغ سېلىش تۈرى توغرىسىدا ۋەدە بېرىش تۈزۈمى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، 2450 تۈرلۈك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

قاراماي شەھىرى سىجىل تۈردە سودا ئىشلىرىنى تىزىملاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرلىرىنى ئازايتىپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ئىخچاملاپ، ئىش بېجىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، بازارغا ئورۇن بوشىتىش، كارخانىلارغا ئەركىن مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈم ئېففېكتى كۆرۈنەرلىك بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)